نۇبېزلىق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىندا

# ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن

## —— ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يېشىپ چۈشەندۈردى

تىيانشان يەشمىسى

□مۇخبىرىمىز لى لىن

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىشخانىسى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ـ ئۈنۈم، ئاساسلىق ئۇسۇللارنى ھەمدە كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر جوۋ مېيلىن ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش بويىچە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالاقىدار مەسىلىلەرگە يېشىپ جاۋاب بەردى.

### ■ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئانالىز قىلىش

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇدا ئۈچ يىل ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 53 مىليون 830 مىڭ ئادەم قېتىم سالامەتلىك تەكشۈردى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈش قارىشى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. سۈپەتلىك ۋە خەلققە قولاي بولۇشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىدى، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

جوۋ مېيلىن مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزى قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 2016 ـ، 2017 ـ، 2018 ـ يىللىق ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش ئانالىز دوكلاتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر يىللىق سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان ئالدىنى ئون كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سالامەتلىك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىنى ئانالىز قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قاراتمىلىق ئىشلىدى؛ «ئۈچنى ئازايتىش، ئۈچ ساغلام»(تۇزنى ئازايتىش، ياغنى ئازايتىش، قەنتنى ئازايتىش، ساغلام ئېغىز بوشلۇقى، ساغلام بەدەن ئېغىرلىقى، ساغلام سۆڭەك) مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش رايونى، تېرىقچىلىق رايونى، باقمىچىلىق رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

### ■ مۇھىم ھالقىنى تۇتۇپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش

ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش سىياستىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇش، سالامەتلىك تەكشۈرۈش سۈپىتىنى كونترول قىلىش سەۋىيىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ھەم ھەرقايسى جايلار جەمئىي 553 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چوڭ تىپتىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن 7269نى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلار ۋە كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى 89.59%كە، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى 89.97%كە يېتىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ سالامەتلىك تەكشۈرۈش بىلەن «ساغلاملىق مەسلىھەتچىلىكى، ساغلاملىق تەربىيەسى، ئېغىر كېسەللەرنى شاللاپ تەكشۈرۈش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، ھەم ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ئاغرىقلار يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ داۋالىنىشقا يېتەكلىنىپ، تۈرلۈك كېسەللەرنى «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر داۋالاش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

سالامەتلىك تەكشۈرۈش سۈپىتىنى كونترول قىلىش خىزمىتى سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاپتونوم رايونىمىز «2018 ـ يىللىق ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تۈزۈپ، ھەرقايسى جايلاردىن ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش سۈپىتىنى كونترول قىلىشنى نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە كىرگۈزۈشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سۇپىسىنى قوزغىتىپ، ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش بويىچە خاتىرىلەپ كىرگۈزۈش سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرىكى سالاھىيەتنى پەرقلەندۈرۈش بىلەن سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئۇچۇرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### ■ سەھىيە خادىملىرىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ھەم ھەرقايسى جايلار جەمئىي 972 قارار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، تۈرلۈك خادىمدىن 117 مىڭ ئادەم قېتىمنى تەربىيەلەپ، نۇقتىلىق ھالدا سالامەتلىك تەكشۈرۈش تەرتىپى، تۈر مەشغۇلاتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش، سالامەتلىك تەكشۈرۈش سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا داۋالاش تېخنىكىسى، تەسۋىر سۈرەت، لابوراتورىيە خادىملىرى قىس بولۇش ۋە ساپاسى يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلدى.

جوۋ مېيلىن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە خادىملىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

2018 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز 2 ـ تۈركۈمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، زاكازلىق ـ نىشانلىق ھالدا مەخسۇس كۇرس قاتلىمى بويىچە تىبابەت كەسپىدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز تەربىيەلەش تۈرىنى يولغا قويدى، بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نىشانلىق ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارغا يەنە 1500 مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئۇنىۋېرسال دوختۇر تەربىيەلەپ بېرىدۇ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە يېزا دوختۇرلىرىنى نىشانلىق تەربىيەلەشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە يېزا ـ كەنت دوختۇرىدىن 450نى نىشانلىق تەربىيەلەپ بېرىدۇ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن كەنت داۋالاش ئۆيلىرىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ كېسەلخانا دوختۇرلىرىنى قېلىپلاشقان تەربىيەلەشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىدۇ؛ ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى ئىش ئورنىدا ئالماشتۇرۇپ تەربىيەلەشنى يولغا قويىدۇ؛ ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى تاماملاپ، تەربىيەلەشتە لاياقەتلىك بولغانلارغا يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىنىڭ يېڭى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىپ بېرىدۇ؛ داۋاملىق تېببىي تەربىيە، «ئالاقە تورى+» شەكلىدە ئوقۇتۇش قاتارلىقلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام خادىملىرىنىڭ ئىشلەش بىلەن ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتىنى ھەل قىلىدۇ.

### ■ بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇش

بۇ يىل شىنجاڭنىڭ ئۇدا تۆتىنچى يىل ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇشى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تەدرىجىي دائىملىشىش باسقۇچىغا كىردى.

جوۋ مېيلىن مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: ھەرقايسى جايلار خىزمەت سۈرئىتى پىلان جەدۋىلى تۈزۈپ، سالامەتلىكى تەكشۈرۈلىدىغان كىشىلەر توپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، «كىم سالامەتلىك تەكشۈرسە، شۇ ئارخىپ تۇرغۇزۇش، بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش، بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇش» تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، چۈشۈپ قالغانلارنى ئېنىقلاپ، كەم قالغانلارنى تولۇقلاپ، ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتنىڭ ھەقىقىي، ئېنىق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان مۇرەككەپ ۋە داۋالاش تەس بولغان كېسەللەرنى داۋالايدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان كېسەللەرنى ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلىدۇ ھەم مۇناسىپ ئارىلىشىش تەدبىرى تۈزىدۇ؛ سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. سالامەتلىك تەكشۈرۈش داۋالاش ئاپپاراتلىرى سالامەتلىك تەكشۈرۈش دىياگنوز نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، ئائىلە دوختۇرى كېلىشىمى ئىمزالاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش ياردىمى قاتارلىقلارنى جىپسىلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل، يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك داۋالاش، باشقۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ھۆكۈمەت، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى، پارتىيە قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە داۋاملىق ئۆزئارا قەتئىي قوللىشى كېرەك. ئىككى دۆلەت خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قاراشقا ئىگە، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. بۇلغارىيە ئەڭ بالدۇر جۇڭگو بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالىغان ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگو تەرەپ بۇلغارىيە تەرەپ بىلەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆل ئەسلىھەلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سودا ۋە سېلىنما كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياۋروپانى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى قەتئىي قوللايدۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە زورىيىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ياۋروپانىڭ خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوللايدۇ، بۇ، ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى ئاپپاراتىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسەتتە مۇقىملىقنى، سىجىللىقنى ساقلاپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئادىل، ھەققانىي بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئاساسىدا جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ تىنچلىق، ئاشۇرۇش، ئىسلاھات، مەدەنىيلىكتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلۇشىنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلغارىيە جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى، شۇنداقلا جۇڭگو — ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم قاتناشقۇچىسى ۋە تۈرتكە بولغۇچىسى، بۇلغارىيە تەرەپنىڭ داۋاملىق ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

رادېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇلغارىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە جۇڭگودا زىيارەتتە بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇلغارىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋەتكە ئۆستۈرۈلۈشى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق، بۇلغارىيە تەرەپ چوڭقۇر قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ رايون ئورنى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان دەرۋازا ۋە تۈگۈنگە ئايلىنىشنى خالايدۇ. بۇلغارىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سودا، ترانسپورت، ئاۋىياتسىيە، ئەقلىي ئوبوروتى، پۇل مۇئامىلە، يېڭىلىق يارىتىش، يەرلىك، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ بۇلغارىيەگە قاراتقان سېلىنمىنى زورايتىشىنى قارشى ئالىدۇ. بۇلغارىيە كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدۇ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. بۇلغارىيە تەرەپ ياۋروپا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ھەمدە ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشقا داۋاملىق كۈچ چىقىرىدۇ.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا رادېۋ ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ لىيۈەن، ياڭ جىيېچى، دىڭ جۈڭلى، ۋاڭ يى، جاڭ چىڭلى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «ئىككى تور»ى بارغانسېرى زىچ توقۇلماقتا

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىز تور سىرتىدىكى ئەمەلىي بازار+توردىكى B2B ئېلېكترونلۇق سودا توپ سېتىش ئەندىزىسى بويىچە، دېھقان ئائىلىلىرى، ۋاستىچىلەر ۋە سودىگەرلەرگە قارىتا ئەزالىق تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى يولغا قويىدۇق، بۇ سودا سۈپىسى ئارقىلىق، ئېچكىرىدىكى سودىگەرلەر يىراقتىن باھا سۈرۈشتۈرەلەيدۇ ۋە مەركەزلىك سېتىۋالالايدۇ، دېھقانلارمۇ تېخىمۇ كۆپ سېتىش پۇرستى ۋە يولغا ئىگە بولۇپ، ياخشى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى باھادا ساتالايدۇ.» شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى مېۋىچىلىك بۆلىكىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جېي كەييۈەن مۇنداق دېدى: شىركەت كۆپ خىل تەملىك ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى، ياڭاق مېغىزىنى ئايرىش ـ تاللاش لىنىيەسى ھەمدە شاكالسىز ياڭاق مېغىزى ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كىرگۈزدى، بۇ، ئىلگىرىكى ئەسلىي مېۋىنى سېتىشنى ئاساس قىلغان يەككە ئەندىزىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

سودا مەركىزى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ياڭاق، چىلان، ئالما، نەشپۈت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغاندىن باشقا، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئالىي قاتارلىق رايونلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

شىنجاڭ (ئاقسۇ) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، 2018 ـ يىلى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق ئاساسلىق باغ ـ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا شىنجاڭ ئىچىدە ئامباردا ساقلاش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سودىلىشىش، يىغىش ـ تەقسىملەش مەركىزى قاتارلىق يەتتە تورنى ئورۇنلاشتۇردى، يېڭىدىن قۇردى، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 60 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

«9 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارغا سېلىنىدىغان ئاۋات مەزگىلگە كەلگەندە، شىنجاڭ ئىچى سېتىۋېلىش تورى تورىنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئامبار ساقلانمىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش ۋە سودىلىشىش، پىششىقلاش ئىقتىدارى 3 مىليون توننىدىن كۆپرەككە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى» دېدى يۈەن جىيتىڭ.

### ■ شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تورىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تېزلەتتى

«مەن شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەتكۈم كېلىدۇ» دېدى چاڭچۈن شەھىرى ئاھالىسى چى يەن 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چاڭچۈن شەھىرى ئېرداۋ رايونى لىڭدۇڭ يولىدىكى شىنجاڭ مېۋىچىلىكى مېيجيا مېيگو مەھەللە دۇكىنىدا.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ مېۋىچىلىكىنىڭ 300 يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەھەللە دۇكىنى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ماكانلىشىپ تىجارەت باشلىدى. لىڭدۇڭ يولى دۇكىنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. دۇكان باشلىقى چېن يىخەن مۇنداق دېدى: تىجارەت باشلىغان ئۈچ سائەتتە، دۇكان كۇتۇۋالغان خېرىدار 300دىن ئاشتى، تىجارەت سوممىسى 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، ئالدىنقى كۈنى شىنجاڭدا ئۈزۈلۈپ، ئايروپىلاندا توشۇپ كېلىنگەن يېڭىسار سەمەت ئۆرۈكى دۇكاندىكى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات بولۇپ قالدى.

300 مەھەللە دۇكىنىنىڭ ماكانلىشىپ تىجارەت باشلىشى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ جىلىن ئۆلكىسىنى مەركەز قىلىپ شەرقىي شىمال بازىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تورى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا باسقان تۇنجى قەدىمى.

شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ يۇشەن مۇنداق دېدى: شەرقىي شىمال سېتىش تورى قۇرۇلۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، جىلىندىكى يەرلىك كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق يېڭى شىركەت تەشكىللەپ قۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ تەييار دۇكىنى، سېتىش يولى ۋە ئەۋزەللىرى ھەم مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ خاس قۇرۇق ـ ھۆل مېۋە تەمىنلەش زەنجىرى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

شەرقىي شىمال رايونى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تورىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئالتىنچى چوڭ رايون. ھازىرغىچە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى «ئۆزى قۇرۇش+قوشۇۋېلىپ قايتا تەشكىللەش+ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت» ئەندىزىسى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەھەللە دۇكىنى قۇرۇش، سوداساراي، تاللا بازىرى، سېتىش مەيدانى مەخسۇس رايونى، مەخسۇس پوكىينى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، رايون سېتىش سودىگەرلىرى ھەم ئىتتىپاقداش سودىگەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يولى ۋە تورىنى كېڭەيتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېز سۈرئەتتە پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈردى.

ھازىرغىچە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئىچكىرى جايلاردىكى شەھەرلەردە 976 مەھەللە دۇكىنى ئېچىپ، سودا ساراي، تاللا بازىرى مەخسۇس رايونى، مەخسۇس پوكىيدىن 2122نى ئاسرىدى، مۇستەھكەملىدى، ئاچتى، جۇڭگو نېفت خىمىيەسى يېجيې دۇكىنى، جۇڭگو نېفتى كۇئېنلۇن خاۋكې قولايلىق دۇكىنىغا ماكانلاشتى، ۋۇخەن، گۇاڭجوۋ، شىئەندە 12 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئايرىش ـ تاللاش، ئامباردا ساقلاش ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى قۇردى.

«تيەنجىن شەھىرىنى مەركەز قىلغان شىمالىي جۇڭگو بازىرى سېتىش تورى قۇرۇلۇشىغا جىددىي تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ، ئەڭ تېز بولغاندا 8 ـ ئايدا پۈتىدۇ.» ۋاڭ يۇشەن مۇنداق دېدى: بۇ يىلنىڭ يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تور نۇقتىسى 3300دىن ئاشۇرۇلىدۇ، ھەربىر مەھەللە دۇكىنىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىجارەت سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ.

### ■ «ئالاقە تورى+» سۈپەتلىك ماركىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نەشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۆتكۈزگەن «بەختلىك يېڭىسار. شىڭخاۋ يوۋنى» مەملىكەت بويىچە سەييارە كۆرگەزمە پائالىيىتى جىنەن شەھىرىگە كىردى.

پائالىيەت نەق مەيدانىدا، جىنەن شەھىرى ئاھالىلىرى كۆەيشەن دۇكىنى، ئېلان، كۆرگەزمە جازىسى، سىن ئارقىلىق يېڭىسار ئۆرۈكىنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى، ئۆستۈرۈلۈش جەريانى، مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى، دېھقانلارنىڭ ھېكايىسى قاتارلىقلارنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ، ئۆرۈك دوغىپى زىياپىتىگە ئېغىز تېگىش كىشىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

يېڭىسار ئۆرۈكى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى شىنجاڭنىڭ ھۆل ئۆرۈكىنى توردا سېتىش ئۈچۈن بەرپا قىلغان بىر يېڭى ئۆرنەك. «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى كەسپ ھالىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالاقە تورى قانىتىغا ئىگە قىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا «تەييار ئاپتوموبىل»ىغا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈردى.

شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى ياڭ يۈڭشياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈپەتلىك ماركا پىلانى» پائالىيىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارغا قاتنىشىپ، تاۋباۋ، جىڭدۇڭ، يۈنجى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى سۇپىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئالتە قېتىم ئۆتكۈزۈپ، يېڭىسار سەمەت ئۆرۈكى، ئاقسۇ ئالمىسى، كورلا نەشپۈتى، قاغىلىق ياڭىقى، خوتەن چىلىنى قاتارلىق جەمئىي 60 نەچچە خىل تۈردىكى، 250 نەچچە خىل تاۋارنى توردا تونۇشتۇرۇپ سېتىشنى قانات يايدۇردى.

«بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىز ئالىبابا گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلاشقان ‹لەززەتكە تولغان شىنجاڭ› تور ماركېتلىق پائالىيىتىدە، 15 ناھىيە رايونى(بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆتى نامرات ناھىيە)نىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، سېتىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 700 مىڭ يۇرۇشتىن ئېشىشى، سېتىش سوممىسىنىڭ 50 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى ياڭ يۈڭشياڭ.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ مېۋىچىلىكى داتاڭ يىپەك يولى يەنە جىڭدۇڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭ مەھسۇلاتى . كەلگۈسى ئۈچۈن» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، جىڭدۇڭ ـ شىنجاڭ نامراتلارنى يۆلەش سارىيىنى تەسىس قىلىپ، 25 ناھىيە رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەم مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ توردا سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى؛ خۇەنچيۇ بۇشوۋ بىلەن ھەمكارلىشىپ «جۇڭگو ئېتىزى. شىنجاڭ تاتلىقى» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلېكترونلۇق سودىسى يېڭىچە پارچە سېتىش ئەندىزىسىگە تۈرتكە بولۇپ، ئالما، نەشپۈت، چىلان، ياڭاق، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن جەمئىي 110 مىڭ يۈرۈش ساتتى.

ياڭ يۈڭشياڭ مۇنداق بىلدۈردى: داتاڭ يىپەك يولى داۋاملىق دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى سۇپىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق سودا تونۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېشىل، ئېكولوگىيەلىك، ئورگانىك بولۇشتەك سۈپەتلىك ماركىسىنى تونۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايون ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركىسى، كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتلار سۈپەتلىك ماركىسى، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسى ۋە كارخانا سۈپەتلىك ماركىسىنى يادرو قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركا ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.